يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە



# جەنۇبىي شىنجاڭلىق بۇ قىز نېمە ئۈچۈن شۇنچە «جۇلالاندى»

تيانشان مۇلاھىزىسى

□ جاڭ بېي

يۇرتىدىكى تاغدىن چىقىپ، يىراقتىكى زاۋۇتقا بېرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا مەملىكەتلىك «ئەڭ گۈزەل ئىشچى ـ خىزمەتچى» مۇكاپاتىنى ئېلىش سەھنىسىگە چىقىش ــــ جەنۇبىي شىنجاڭلىق قىز پاشاگۈل كېرەم پۇختا قەدەم بىلەن ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى يارقىن پەيتكە قەدەم ئالدى.

پاشاگۈلنىڭ ۋۇجۇدىدىن نۇرغۇن كۆچلۈك پەرقلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ: غەربىي قىسىم چېگرا رايونىدىن شەرقىي جەنۇبتىكى دېڭىز بويىغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش، تاغنىڭ توسقۇنلۇقىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كىشىلىك ھاياتتىكى داغدام يولدا مېڭىش، ئىدىيە ئىسكەنجىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ زامانىۋى تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى ئۆزگەرتىپلا قالماي، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەش... جەنۇبىي شىنجاڭلىق بۇ قىز نېمە ئۈچۈن بۇنداق «جۇلالاندى»؟ بۇنىڭ جاۋابى دەل ئۇنىڭ ھېكايىسىدە.

ئۇنىڭ ھېكايىسى بۆسۈپ ئۆتۈشكە، جان تىكىپ ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان جاسارەتكە تولغان. سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش يېڭىلىق ھېسابلانمايدۇ، ئەمما 14 يىل ئىلگىرى، پامىر ئېگىزلىكىدىكى كۆپ قىسىم كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۇرتىدىن ئايرىلىپ دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىش تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى. 23 ياشلىق پاشاگۈل پۈتۈن كەنت بويىچە بىرىنچى بولۇپ تىزىمغا ئالدۇرغان. بۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى جۈرئەت ۋە جاسارەت ئۇنىڭ كىشىلىك ھايات يولىنى ئۆزگەرتتى، شۇنداقلا ياشلىق باھارىنى ئۆزگىچە نۇرلاندۇردى. بۇ دەۋر ھەربىر ئادەمنى كىشىلىك ھاياتىنى نۇرلاندۇرىدىغان سەھنە بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھالبۇكى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇرسەتنى تۇتۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كىشىلەرلا ھەممىشە ھەممىدىن ئاۋۋال ئوخشاش بولمىغان كىشىلىك ھايات مەنزىرىسىدىن زوق ئالالايدۇ.

ئۇنىڭ ھېكايىسى قىيىنچىلىققا باش ئەگمەي، چىشىنى چىڭ چىشلەپ بوشىشىپ قالماسلىقتەك قەيسەرلىكنى شەرھلەيدۇ. ئارزۇنى قوغلىشىش يولى ھەممىشە ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ. قىيىنچىلىق ئالدىدا چىڭ تۇرۇش ياكى چېكىنىش بىر ئادەمنىڭ ئىرادە ـ پەزىلىتىنى ھەممىدىن بەكرەك سىنايدۇ. كۆپ ۋاقىتلاردا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى چىداش، يەنىمۇ چىداشتا. پاشاگۈل يېڭىلگەنگە تەن بەرمەيدىغان چىدامچانلىقىغا تايىنىپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، تۇرمۇش جەھەتتىكى، تىل جەھەتتىكى، تېخنىكا جەھەتتىكى قىيىن ئۆتكەللەردىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ ياخشى بولغان ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز ياراتتى.

ئۇنىڭ ھېكايىسىگە مىننەتدارلىقنى بىلىدىغان، مىننەتدار بولىدىغان، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرىدىغان پەزىلەت مۇجەسسەملەنگەن. مەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن قانائەتلىنىپ قالماي، بەلكى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ياخشى سىياسىتىنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كەلگەن بەخت ـ سائادىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تېخى بېيىمىغان يۇرتداشلىرىنى ياد ئەتتى. ھەر قېتىم يۇرتىغا قايتىپ تۇغقان يوقلىغاندا، ئۇ ئاكتىپلىق بىلەن يۇرتداشلىرىغا پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشنىڭ پايدىسىنى تەشۋىق قىلدى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 1300دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېكىتىلگەن 279 نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى. مىننەتدارلىقنى بىلىدىغان، مىننەتدار بولىدىغان، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرىدىغان پەزىلەت يەنە پاشاگۈلنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ يارقىن مەنىۋى نۇردۇر.

ئۇنىڭ ھېكايىسى جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى يورۇتۇپ بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست دۆلىتىمىزدىكى «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست» ئىچىدىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ بىرى، پاشاگۈلنىڭ يۇرتى ئۇلۇغچات ناھىيەسى پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاغ جىلغىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بوستانلىققا سېلىشتۇرغاندا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى تېخىمۇ جاپالىق. بېكىنمە مۇھىت، مۇتەئەسسىپ ئىدىيە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، شۇ جايدىكى ئاياللار ئۇزاق مەزگىل «يۈزىنى ئېچىپ يۈرسە بولمايدۇ، پەقەت ئوچاق بېشىنى چۆرىدەپ يۈرۈشى كېرەك»نىڭ ئاسارىتىدە تۇرغانىدى. كىشىلەر «جەنۇبىي شىنجاڭلىق قىز»لارنى تىلغا ئالغاندا، ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ، گۈللۈك كۆڭلەك قاتارلىق گۈزەل كۆرۈنۈشلەردىن باشقا، قالغىنى پەقەت بىر غۇۋا سىمالا ئىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ تارتىنىش ئىلكىدىكى قاراشلىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئىنتىلىشى ۋە تەلپۈنۈشىنى ھېس قىلىشقا ئامالسىز ئىدى. شۇڭا، پاشاگۈل مەملىكەتلىك «ئەڭ گۈزەل ئىشچى ـ خىزمەتچى» ئوبرازى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولغاندا، ئۇ يېڭى دەۋردىكى «جەنۇبىي شىنجاڭلىق قىز»لارنىڭ سالاپىتىنى ئېنىق نامايان قىلىپلا قالماي، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى يەنىمۇ يورۇتۇپ بەردى.

پاشاگۈل مۇكاپاتقا ئېرىشىشنىڭ ئالدىدا، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئون نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقىنىڭ ئېلىۋېتىلگەنلىكى ئېلان قىلىندى. پاشاگۈلمۇ كېلەر يىلى ئۆز يۇرتى ئۇلۇغچات ناھىيەسىگە قايتىپ كېلىپ ئاياغ زاۋۇتى قۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ يۇرتداشلىرىنىڭ يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىشنى پىلانلىدى. بۈگۈنكى شىنجاڭ تۇپرىقىدا، كىشىلەر مۇتلەق نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، تولۇپ تاشقان ئىشەنچتە پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويماقتا. «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئالدىدا، پاشاگۈلنىڭ ھېكايىسى جەزمەن تېخىمۇ كۆپ ياشلارنى ئۇنىڭغا ئوخشاش كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ياشلىق قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، ئادەمنى يادرو قىلغان يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش كېرەك. يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ماس قەدەمدە ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك قول تۇتۇشۇپ، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۆزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىنى قوللاش ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىكنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم، زور ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچى، ئاپتونوم رايون سىياسەت جەھەتتىن قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلىشى، ئەسلىھەلەرنى ئورتاق قۇرۇشى، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىلىنىشىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى يېڭى دەۋردە بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى يولى، يېڭى تەدبىرى ئۈستىدە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىنى قوللايدىغان خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى يەنىمۇ شەكىللەندۈرۈپ، بىڭتۇەننى چېگرا رايوننى ئەمىن تاپقۇزۇش، مۇستەھكەملەشتىكى مۇقىملاشتۇرغۇچقا، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان چوڭ پېچقا، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە ئىلغار مەدەنىيەتتە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىغا ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

پېڭ جياۋرۇي مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىڭتۇەن بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك «بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەم بىرلەشمە يىغىن تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى نۇقتىدىن تۈرتكە بولىدىغان، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىدىغان ئەندىزىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، مۇھىم، زور ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئورۇنلاشتۇرمىسى، بازار سىستېمىسى، ئۇل ئەسلىھە، ئاممىۋى مۇلازىمەت قاتارلىق جەھەتلەردە بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك ئورتاق پىلانلاش، ئورتاق تۈزۈش، ئورتاق يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئورتاق پايدا ئالىدىغان رايوننى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يېڭى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىدۇ.

ئاپتونوم رايون ھەم بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن جاڭ چۈنلىن، جارۇللا ھېسامىدىن، مۇتەللىپ مەتتوختى، ياۋ شىنمىن يىغىنغا قاتناشتى.

# دېھقان رەھمەتجاننىڭ «بىلىم ئېلىش» خاتىرىسى




□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۇ لۇپېڭ
ئىختىيارىي مۇخبىر دوۋ جيەن

بالىلىرى ئويناۋاتاتتى، خوتۇنىنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى، پارنىكتىكى جۇسەيلەرگە يوپۇق يېپىلىش ئالدىدا تۇراتتى، قوتاندىكى كالا ـ قويلار كۈندىن ـ كۈنگە تەمەن، سېمىز بولۇۋاتاتتى... كۆز ئالدىدىكى ھەممىنى قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسى تاغ ئاغزى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى رەھمەتجان تۇردى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. نامرات ئائىلىدىن شۇ جايدا خېلى نامى چىققان باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىسى، كۆكتات ئۆستۈرۈش يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بولۇشقىچە بولغان ئۈچ يىلدا، رەھمەتجان قالتىس بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، ئىلمىيلەشكەن تېرىقچىلىق، كۆلەملەشكەن تەرەققىيات، كەسپىيلەشكەن باشقۇرۇشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قەشقەر شەھىرى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى پائال تەڭشەپ، كۆكتات ئۆستۈرۈشنى ئىلمىي پىلانلىدى، باغ ـ ئورمانچىلىق ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇردى. ياش تۇرۇپلا نامرات ئاھالە دېگەن قالپاقنى كىيىشنى خالىمىغان رەھمەتجان ياخشى سىياسەتنىڭ شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ، 2018 ـ يىلى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە ئۈچ يىللىق ئۆسۈمسىز ئاز سوممىلىق ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ئىلتىماس قىلىپ، تراكتور سېتىۋالدى، يەر ھۆددىگە ئالدى، بىر تەرەپتىن، تراكتور ھەيدەشكە تايىنىپ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ زىرائەتلىرىنى يىغىپ بېرىپ پۇل تاپتى، بىر تەرەپتىن، چەيزە، لازا، سەۋزە قاتارلىق ئوچۇقچىلىقتا ئۆستۈرۈلىدىغان كۆكتاتلارنى ئۆستۈرۈشنى سىناپ كۆردى.

«كۆكتات مايسىلىرىنى ھۆكۈمەت ھەقسىز بەردى، ھەر مو يەرگە ئوغۇتنىمۇ يەتكۈزۈپ بەردى.» كەنتتىكى تېخنىكا يېتەكچىسى شيې گۇاڭمىڭنىڭ بىرىنچى قېتىم ئېتىز بېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسىنى چۈشەندۈرگەن كۆرۈنۈش رەھمەتجاننىڭ ھازىرغىچە ئېسىدە، چۈنەك تارتىش، كۆچۈرۈپ تىكىشتىن سۇغىرىشقىچە، ھەربىر ھالقا رەھمەتجان ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەم ناتونۇش، ھەم يېڭىلىق ئىدى، ئۇنىڭدا كەلگۈسىگە نىسبەتەن گاڭگىراش بار ئىدى، ئەمما تىرىشىپ ئۆزگەرتىش ئېلىپ كەلگەن ھاياجانلىنىش تېخىمۇ كۆپ بولدى.

ئاشۇ چاغدا، كەنت ئاھالىلىرىگە ياردەملىشىپ ئۇلارنىڭ زىرائەتلىرىنى ئورۇشۇپ بەرگەندىن باشقا، رەھمەتجان پۈتۈن زېھنىنى كۆكتات ئۆستۈرۈشكە قاراتتى، ئەمما كۆكتات مايسىلىرىنى كۆچۈرۈپ تىككەندىن كېيىن يەنىلا غولى ۋە يوپۇرماقلىرى سولىشىپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلدى؛ قانداق سۇغارسىمۇ كار قىلمىدى، ئۇ دەرھال شيې گۇاڭمىڭدىن ياردەم سورىدى. «غول ۋە يوپۇرماقنىڭ سولىشىپ قېلىشىنىڭ نۇرغۇن سەۋەبى بار، سۇ كەمچىل بولۇش بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر سەۋەب. ئەگەر دەل جايىدا تەدبىر قوللانمىغاندا، ھەدەپ سۇغىرىۋېرىش پەقەت ئەكسىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ.» شيې گۇاڭمىڭنىڭ قىلغان سۆزلىرى ئۇنىڭغا ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىك ــــ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بىلىمىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى تونۇتتى.

كىتابتىن ئۆگىنىش، مۇتەخەسسىسلەردىن ئۆگىنىش، تېخنىك خادىملار ۋە ئەمەلىي تەجرىبىسى بار كەنت ئاھالىلىرىدىن ئۆگىنىش... ئاشۇ چاغدىن باشلاپ، رەھمەتجان ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش باش چۆكۈرۈپ بېرىلىپ ئۆگەندى، ئۆزلۈكسىز ئۆگەندى، ئۆزلۈكسىز ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى، تەجرىبىلەرنى ئۆزلۈكسىز يەكۈنلىدى. ئاخىرىدا، ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن كۆكتاتلار بارغانسېرى بولۇق ئۆستى، سۈپىتىمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى. بىر يىلدا ئىككى قېتىم كۆكتات ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، رەھمەتجاننىڭ ھەميىنى تومپىيىشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭغا بىلىم، تېخنىكا ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈر بولۇپلا قالماي، بەلكى تەخىرسىز ئىكەنلىكىنى تونۇتتى.

«قوشنىلىرىمنىڭ ھەممىسى پارنىكتا كۆكتات ئۆستۈرىدۇ، ئەسلىدىكى يەر تېرىغانغا سېلىشتۇرغاندا، بۇنىڭدا كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىكەن، مەنمۇ بۇ سەپكە قېتىلىمەن.» كاللا بېيىتىلمىغۇچە، يانچۇقنىڭ تومپىيىشى تەس، رەھمەتجان ئۆگىنىشچان دېھقان بولۇپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. 2019 ـ يىلى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ «كۆكتاتنى كۆچۈرۈپ تىكىش» تۈرىنى زور كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلىپ، رەھمەتجان ئىككى كۆكتات پارنىكىنى ھۆددىگە ئېلىپ، كۆكتات مايسىسى يېتىشتۈردى.

كۆكتات مايسىسى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ھەمدە پارنىكتىكى مايسا يېتىشتۈرۈش ئېتىزىنى باشقۇرۇش، مايسا يېتىشتۈرۈپ كۆچۈرۈپ تىكىش قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن، رەھمەتجان شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسىدىن تاغ ئاغزى كەنتىدە تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن 1 ـ شۇجى ياردەمچىسى ۋاڭ شىنىنى ئىزدەپ تېپىپ، مەكتەپتىكى مۇتەخەسسىسلەرنى يېتەكچىلىك قىلىشقا تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. «ۋاڭ مۇئەللىم ناھايىتى تېزلا ماڭا بىر پروفېسسورنى ئالاقىلىشىپ بەردى، ئۇ توردا مېنىڭ مايسا يېتىشتۈرۈشۈمگە يېتەكچىلىك قىلدى، مايسا يېتىشتۈرۈش جەريانىدا دۇچ كەلگەن تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىپ بەردى».

ئەجىر يەردە قالمايدۇ، ئويلىمىغان يەردىن بىرىنچى قېتىم يېتىشتۈرۈشتە رەھمەتجاننىڭ كۆكتات مايسىلىرى كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك ئۆسۈپ، يۇرتداشلارنىڭ چوڭقۇر ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى، نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ پارنىكىغا بېرىپ مايسا تاللىدى. ئۇ شۇ يىلى مايسا يېتىشتۈرۈشكە تايىنىپلا، 50 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، قەرز پۇلنى تولۇق قايتۇرۇپ بولدى، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

2019 ـ يىلى يېزىنىڭ زور كۈچ بىلەن تەۋسىيە قىلىشى بىلەن، رەھمەتجان قەشقەر داشۆگە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە تاللاپ ئەۋەتىلدى ھەم «مۇنەۋۋەر كۇرسانت» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇ مەبلەغ غەملەپ 14 كالا، 22 قوي سېتىۋېلىپ باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، شۇ جايدىكى خېلى نامى بار باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىسىگە ئايلاندى.

بۇ يىل رەھمەتجان قەشقەر شەھەرلىك يېزا ئىگىلىكى، يېزا ئىدارىسىنىڭ كۆكتات ئۆستۈرۈش يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىقىغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئۆزىگە ئوخشاش كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئويلاۋاتقان تېخىمۇ كۆپ يۇرتداشلىرىغا ياردەم بەردى. «كۈندە تىرىشسىلا، پۇل تاپقىلى بولىدۇ؛ كۈندە ئۇخلاپ ياتسا، ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.» رەھمەتجان مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى كۈندە ‹نامراتلىق قالپىقى›مىز ئېلىۋېتىلدى، ئەمدى تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك».